# دۇنيادىكى قويۇق تۇمانلارنى تارقىتىۋېتىش دەۋر كۈچلۈك ساداسىنى ياڭرىتىش

(بېشى 1 - بەتتە)

ھەمكارلىقنى قانات يايدۇرۇش، قول تۇتۇشۇپ ئىنسانىيەت تەقدىرى ئورتاق گەۋدىسى بەرپا قىلىشقا تۈرتكە بولدى ھەم بۇ ھەقتە جەمئىي 23 تۈرلۈك مۇھىم تەشەببۇس، كۆزقاراش ۋە تەدبىرنى ئوتتۇرىغا قويدى. رەئىس شى جىنپىڭ يەنە جۇڭگونىڭ يېڭى تەرەققىيات ئەندىزىسىنىڭ ماھىيەتلىك مەزمۇنىنى ئومۇمىيۈزلۈك شەرھلەپ چۈشەندۈردى، جۇڭگونىڭ ئۆزىنىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتىنى ئالغا سىلجىتىدىغانلىقى، شۇنىڭ بىلەن بىللە سىرتقا ئېچىۋېتىشنى ئۈزلۈكسىز كېڭەيتىدىغانلىقى توغرىسىدا ئېنىق سىگنال تارقىتىپ، خەلقئارا جەمئىيەتكە كۈچلۈك ئىشەنچ ۋە كۈچ بېغىشلىدى.

جۇڭگونىڭ پائال قاتنىشىشى ھەمدە يىغىنغا قاتناشقان ھەرقايسى تەرەپلەرنىڭ ئورتاق تىرىشچانلىقىدا، ئۈچ مەيدان يىغىندا ئايرىم - ئايرىم ھالدا رەھبەرلەر خىتابنامىسى ھەمدە «كىبسەك ئالتۇن دۆلەتلىرى ئىقتىسادىي ھەمراھلىق ئىستراتېگىيەسى 2025» «2040 - يىل ئاسىيا - تىنچ ئوكيان ئىقتىسادىي ھەمكارلىق تەشكىلاتى يۈزلىنىش ئارزۇسى» قاتارلىق مۇھىم ھۆججەتلەر ئېلان قىلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە جۇڭگو مەيدانى ۋە كۆز قارىشى تولۇق گەۋدىلەندۈرۈلدى، جۇڭگو ئەقىل - پاراسىتى ۋە ئىدىيەسى نامايان قىلىندى. خەلقئارا جەمئىيەت ئۈچ مەيدان يىغىندا قولغا كەلتۈرۈلگەن نەتىجىلەرگە يۇكسەك باھا بېرىپ، ئومۇمىيۈزلۈك مۇنداق قاردى: رەئىس شى جىنپىڭنىڭ بىر قاتار سۆزى ھەم جۇڭگو تەرەپ ئوتتۇرىغا قويغان تۈرلۈك تەشەببۇسلار ئورتاق تونۇشنى مۇجەسسەملەش، ئىشەنچنى ئۇرغۇتۇش، تەرەققىياتنى ئورتاق ئىلگىرى سۈرۈشكە كۈچ قوشۇپ، پۈتۈن يەر شارىنىڭ ھازىرقى كىرىزىستىن قۇتۇلۇشنى پىكىر يولى بىلەن تەمىنلەپ، يۇقۇمدىن كېيىنكى دەۋردىكى دۇنيانى قايتا يارىتىش ئۈچۈن ئېنىق يۆنىلىش كۆرسىتىپ بەردى.

**بىرىنچى، ھەرقايسى تەرەپلەرنىڭ ئىتتىپاقلىشىپ، ھەمكارلىشىپ يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇشىغا تۈرتكە بولدى**

ۋاڭ يى مۇنداق دېدى: ھازىر، يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ئۆپكە ياللۇغى ۋىرۇسى يەنىلا پۈتۈن يەر شارىدا يامرىماقتا، يۇقۇملانغۇچىلارنىڭ سانى 57 مىليوندىن ئېشىپ كەتتى، ھەرقايسى دۆلەت خەلقلىرىنىڭ ھاياتى بىخەتەرلىكى ۋە تەن ساغلاملىقى غايەت زور تەھدىتكە ئۇچرىدى. جۇڭگونىڭ يۇقۇمنى باشلامچىلىق بىلەن كونترول قىلغانلىقى دۇنيانىڭ دىققىتىنى تارتتى. رەئىس شى جىنپىڭ ئىنسانىيەت سەھىيە - ساغلاملىق ئورتاق گەۋدىسى بەرپا قىلىش بايرىقىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، جۇڭگونىڭ خەلقئارا يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇش ھەمكارلىقىدىكى ئىدىيەسى ۋە كۆز قارىشىنى ئومۇمىيۈزلۈك، سىستېمىلىق شەرھلىدى. بىرىنچى، ھەرقايسى تەرەپلەرنى خەلق مەركەز قىلىنغان تەرەققىيات ئىدىيەسىگە ئەمەل قىلىپ، خەلقنى ھەممىدىن ئەلا بىلىش، ھاياتلىقنى ھەممىدىن ئەلا بىلىشتە چىڭ تۇرۇشقا مۇراجىئەت قىلدى. ئىككىنچى، ئىتتىپاقلىق، ھەمكارلىقنىڭ يۇقۇم ئۈستىدىن غەلىبە قىلىشتىكى ئەڭ كۈچلۈك قورال ئىكەنلىكىنى، ھەر قايسى دۆلەتلەرنىڭ ئىتتىپاقلىقنى ئىختىلاپنىڭ ئورنىغا دەسسىتىپ، بىر تەرەپلىمە قاراشنى ئىدراكىي تۈگىتىپ، قول تۇتۇشۇپ يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇشتىكى ئەڭ قۇدرەتلىك بىرىكمە كۈچنى تېزدىن مۇجەسسەملەش كېرەكلىكىنى تەكىتلىدى. ئۈچىنچى، ھەرقايسى تەرەپلەرگە دۇنيا سەھىيە تەشكىلاتىنىڭ ئاچقۇچلۇق رەھبەرلىك رولىنى جارى قىلدۇرۇشنى پائال قوللاپ، خەلقئارا بىرلىشىپ ئالدىنى ئېلىش، بىرلىشىپ تىزگىنلەش ۋە يىراق مۇساپىلىك داۋالاشنى كۈچەيتىپ، رەقەملىك تېخنىكا ئارقىلىق يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇش ۋە ئىقتىسادنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش جەھەتتىكى تەجرىبىلەردىن تەڭ بەھرىمەن بولۇپ، ساغلاملىق كودىنى خەلقئارادا ئۆزئارا ئېتىراپ قىلىش مېخانىزمى ئورنىتىپ، يەر شارىۋى يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇش مۇداپىئە توسۇقىنى ئورتاق بەرپا قىلىشنى تەشەببۇس قىلدى.

خەلقئارا جەمئىيەت يۇكسەك كۆڭۈل بۆلۈۋاتقان ۋاكسىنا مەسىلىسىگە قارىتا، رەئىس شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى قايتا تەكىتلىدى: جۇڭگو تەرەپ داۋاملىق تۈردە ۋاكسىنا خەلقئارا ھەمكارلىقنى پائال قوللاپ ھەم ئۇنىڭغا قاتنىشىپ، دۇنيا سەھىيە تەشكىلاتىنىڭ «يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى ۋاكسىنىسىنى يولغا قويۇش پىلانى»نى ياخشى ئەمەلىيلەشتۈرىدۇ، ھەرقايسى دۆلەتلەر، بولۇپمۇ تەرەققىي قىلىۋاتقان دۆلەتلەر بىلەن جۇڭگو ۋاكسىنىسىدىن تەڭ بەھرىمەن بولىدۇ، تىرىشىپ ۋاكسىنىنى ھەرقايسى دۆلەت خەلقلىرى ئىشلىتىدىغان، ئىشلىتەلەيدىغان ئاممىۋى مەھسۇلاتقا ئايلاندۇرىدۇ. رەئىس شى جىنپىڭ يەنە جۇڭگو تەرەپنىڭ كىبسەك ئالتۇن دۆلەتلىرى ۋاكسىنا تەتقىق قىلىپ ئېچىش جۇڭگو مەركىزىنى تەسىس قىلغانلىقىنى، بەش كىبسەك ئالتۇن دۆلىتىنىڭ ۋاكسىنىنى بىرلىشىپ تەتقىق قىلىپ ئېچىش ۋە سىناق قىلىشنى قانات يايدۇرۇش، ھەمكارلىشىپ زاۋۇت قۇرۇش، ئىشلەپچىقىرىشقا ھوقۇق بېرىش، ئۆلچەمنى ئۆزئارا ئېتىراپ قىلىش قاتارلىق خىزمەتلەرنى ئالغا سىلجىتقانلىقىنى، كىبسەك ئالتۇن دۆلەتلىرىنىڭ ئەنئەنىۋى تېبابەت دورا مۇھاكىمە يىغىنى ئېچىشنى تەشەببۇس قىلغانلىقىنى، ئەنئەنىۋى تېبابەت دورىلارنىڭ يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغىنىڭ ئالدىنى ئېلىش - داۋالاش جەھەتتىكى رولى ئۈستىدە ئىزدەنگەنلىكىنى ئېنىق كۆرسەتتى.

رەئىس شى جىنپىڭنىڭ يۇقىرىدىكى كۆزقارىشى ۋە تەشەببۇسى خەلقئارا يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇش ھەمكارلىقىنى ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچ بىلەن تەمىنلىدى، پۈتكۈل ئىنسانىيەتنىڭ يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇش كۈرىشىگە ئىشەنچ قوشتى، بۇ، يۇقۇمنى سىياسىيلاشتۇرىدىغان، ۋىرۇستىن پايدىلىنىپ نامىنى بۇلغايدىغان سۆز - ھەرىكەتلەر بىلەن روشەن سېلىشتۇرما بولۇپ، رەئىس شى جىنپىڭنىڭ ئىنسانىيەتنىڭ ساغلاملىقى، دۇنيانىڭ مۇقىملىقىنى كۆزلەيدىغان كەڭ قورساقلىقىنى يەنە بىر قېتىم تولۇق نامايان قىلىپ بەردى، جۇڭگونىڭ ھەرقايسى دۆلەتلەر بىلەن ۋاقىتلىق قىيىنچىلىقنى ئورتاق يېڭىپ، قول تۇتۇشۇپ يۇقۇم ئۈستىدىن غەلىبە قىلىشنى خالايدىغان قەتئىي ئىرادىسىنى تولۇق گەۋدىلەندۈرۈپ بېرىپ، ھەرقايسى تەرەپلەرنىڭ يۇكسەك باھاسى ۋە پائال ئاۋاز قوشۇشىغا ئېرىشتى، جۇڭگو تەشەببۇس قىلغان ئىنسانىيەت سەھىيە - ساغلاملىق ئورتاق گەۋدىسى ئىدىيەسى كىشىلەر قەلبىدىن تېخىمۇ چوڭقۇر ئورۇن ئالدى.

**ئىككىنچى، دۇنيا ئىقتىسادىنىڭ ئەسلىگە كېلىشى، تەرەققىياتى توغرىسىدا جۇڭگو لايىھەسىنى ئوتتۇرىغا قويدى**

ۋاڭ يى مۇنداق دېدى: يۇقۇمنىڭ تەسىرىگە ئۇچراپ، دۇنيا ئىقتىسادى چېكىنىش گىردابىغا بېرىپ قالدى، خەلقئارا سودا ۋە سېلىنما تېز چېكىندى، ئادەم، ماللارنىڭ يۆتكىلىشى ئېغىر توسالغۇغا ئۇچرىدى، يەر شارىۋى كەسىپ زەنجىرى، تەمىنلەش زەنجىرى زەربىگە ئۇچرىدى، ئادىللىق ۋە ئۈنۈم، ئېشىش ۋە تەقسىمات، تېخنىكا ۋە ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش قاتارلىق يەر شارىۋىلىشىش جەريانىدا يىغىلىپ قالغان زىددىيەتلەر تېخىمۇ گەۋدىلەندى، بۇ يىل پۈتۈن يەرشارىدا زىيادە نامراتلىق نىسبىتىدە 20 يىلدىن بۇيان تۇنجى قېتىم ئۆرلەش كۆرۈلدى. يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش ۋە ئىقتىسادنىڭ تەرەققىياتىنى قانداق بىرتۇتاش پىلانلاش، يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇش، ئىقتىسادنى مۇقىملاشتۇرۇش، خەلق تۇرمۇشىغا كاپالەتلىك قىلىشتىن ئىبارەت ئۈچ چوڭ ۋەزىپىنى قانداق تەڭپۇڭلاشتۇرۇپ بىر تەرەپ قىلىش، پۈتۈن يەر شارىدا نامراتلار سانىنى ئازايتىش نىشانىنى قانداق ئالغا سىلجىتىش ھەرقايسى دۆلەتلەر دۇچ كېلىۋاتقان ئورتاق تېما. رەئىس شى جىنپىڭ جۇڭگونىڭ يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش ۋە ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتىنى بىرتۇتاش پىلانلاش، ئىشلەپچىقىرىشنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ۋە ئىقتىسادنىڭ ئېشىشىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشنى باشلامچىلىق بىلەن ئىشقا ئاشۇرۇشنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك ئەمەلىيىتىگە بىرلەشتۈرۈپ، دۇنيا ئىقتىسادىنىڭ قايتا جانلىنىشىغا تۈرتكە بولىدىغان بىرىيۈرۈش جۇڭگو لايىھەسىنى ئوتتۇرىغا قويدى، بۇنىڭ ئىچىدە تۆت چوڭ ئاچقۇچلۇق سۆز بار، بۇلار ئايرىم - ئايرىم ھالدا ئوچۇق، ئىجادىي، سىغدۇرۇشچان، يېشىل بولۇشتىن ئىبارەت.

بىرىنچى، ئوچۇق تەرەققىياتتا چىڭ تۇرۇش كېرەك.

ئىككىنچى، ئىجادىي تەرەققىياتتا چىڭ تۇرۇش كېرەك.

ئۈچىنچى، سىغدۇرۇشچان تەرەققىياتتا چىڭ تۇرۇش كېرەك.

تۆتىنچى، يېشىل تەرەققىياتتا چىڭ تۇرۇش كېرەك.

ۋاڭ يى مۇنۇلارنى بىلدۈردى: رەئىس شى جىنپىڭ ئوتتۇرىغا قويغان يۇقىرىقى جۇڭگو لايىھەسىدە ھەرقايسى دۆلەتلەرنىڭ ھەمكارلىقنى كۈچەيتىشكە تۈرتكە بولىدىغان ھەرىكەت تەشەببۇسى بولۇپلا قالماي، يەنە جۇڭگو تەشەببۇسكارلىق بىلەن قوللانغان ئەمەلىي تەدبىرلەرمۇ بار، بۇ، جۇڭگونىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىيات يېڭى تەلپىنى تولۇق ئەكس ئەتتۈرۈپلا قالماي، يەنە دەۋرنىڭ ئىلگىرىلەش ئېقىمىغىمۇ تامامەن ئۇيغۇن كېلىدىغان، دۇنيا ئىقتىسادىنىڭ تەرەققىيات يۆنىلىشىگە ماس كېلىدىغان، ھەرقايسى دۆلەت خەلقلىرىنىڭ مەنپەئىتىگە باب كېلىدىغان بولۇپ، جۇڭگونىڭ دۇنيا ئىقتىسادى ئۈچۈن ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچ قېزىش، خەلقئارا ئىقتىسادىي ھەمكارلىق ئۈچۈن بوشلۇق ئېچىش، ھەرقايسى دۆلەت خەلقلىرى ئۈچۈن بەخت - سائادەت يارىتىشتىن ئىبارەت چوڭ دۆلەت مەسئۇلىيەتچانلىقىنى تولۇق نامايان قىلىپ بەردى.

**ئۈچىنچى، يەر شارىۋى ئىقتىساد ئىدارە قىلىش سىستېمىسى ئۆزگىرىشكە يېتەكچىلىك قىلدى**

ۋاڭ يى مۇنداق دېدى: تويۇقسىز تارقالغان يۇقۇمنىڭ پۈتۈن يەر شارىدا كەڭ تارقىلىشى يەر شارىۋى ئىقتىساد ئىدارە قىلىش سىستېمىسىدىكى نۇقسان ۋە يېتەرسىزلىكلەرنى يەنە بىر قېتىم گەۋدىلەندۈردى. 20 دۆلەت گۇرۇھى خەلقئارا ئىقتىسادىي ھەمكارلىقتىكى ئاساسلىق مۇنبەر بولۇش سۈپىتى بىلەن، 2008 - يىلدىكى خەلقئارا پۇل مۇئامىلە كرىزىسىغا مۇۋەپپەقىيەتلىك تاقابىل تۇرۇپ، يەر شارىۋى ئىقتىساد ئىدارە قىلىش ساھەسىدە تەڭداشسىز مۇھىم رولنى جارى قىلدۇردى. 20 دۆلەت گۇرۇھى ھازىر دۇچ كېلىۋاتقان ئاساسلىق ۋەزىپە قانداق قىلغاندا يەر شارىۋى يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش ئېھتىياجىغا بىرلەشتۈرۈپ، يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا ماسلاشتۇرۇشنى كۈچەيتىپ، بىرىكمە كۈچ شەكىللەندۈرۈپ، دۇنيا ئىقتىسادىنىڭ كۈچلۈك، ئىمكانىيەتلىك سىجىل، تەڭپۇڭ ۋە سىغدۇرۇشچان ئېشىشىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشقا تۈرتكە بولۇشتىن ئىبارەت. بۇنىڭ ئۈچۈن، رەئىس شى جىنپىڭ 20 دۆلەت گۇرۇھى باشلىقلار يىغىنىدا جۇڭگونىڭ يەر شارىۋى ئىقتىساد ئىدارە قىلىشتىكى پىرىنسىپال كۆز قارىشىنى نۇقتىلىق شەرھلىدى.

بىرىنچى، يېتەكچى ئىدىيە يەنىمۇ ئايدىڭلاشتۇرۇلدى. رەئىس شى جىنپىڭ ئورتاق كېڭىشىش، ئورتاق قۇرۇش، ئورتاق بەھرىلىنىشتىن ئىبارەت يەر شارىۋى ئىدارە قىلىش قارىشى ئاساسىدا، يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا «تۆتتە چىڭ تۇرۇش» كۆز قارىشىنى ئوتتۇرىغا قويدى، يەنى كۆپ تەرەپچىلىكتە چىڭ تۇرۇش، ئوچۇق - سىغدۇرۇشچان بولۇشتا چىڭ تۇرۇش، ئۆزئارا مەنپەئەت يەتكۈزۈپ ھەمكارلىشىشتا چىڭ تۇرۇش، دەۋر بىلەن تەڭ ئىلگىرىلەشتە چىڭ تۇرۇش. خەلقئارا جەمئىيەتنىڭ بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ نوپۇزى ۋە ئورنىنى قەتئىي قوغداپ، بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى نىزامنامىسىنىڭ ئاساسىي مەقسىتى ۋە پىرىنسىپىغا قاتتىق ئەمەل قىلىپ، خەلقئارا قانۇن ئاساس قىلىنغان خەلقئارا تەرتىپنى قوغداپ، بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ يەر شارىۋى ئورتاق تونۇشنى تېخىمۇ ئۈنۈملۈك مۇجەسسەملىشىنى قوللاپ، يەر شارىۋى بايلىقنى سەپەرۋەر قىلىش، يەر شارىۋى ھەرىكەتنى ماسلاشتۇرۇشنى مۇراجىئەت قىلدى.

ئىككىنچى، قائىدە، مېخانىزم ئۈزلۈكسىز مۇكەممەللەشتۈرۈلدى. رەئىس شى جىنپىڭ ئېنىق قىلىپ مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: قائىدە ئاساس قىلىنغان، ئاشكارا، كەمسىتىش بولمىغان، ئوچۇق، سىغدۇرۇشچان كۆپ تەرەپلىك سودا تۈزۈلمىسىنى قەتئىي قوغداپ، دۇنيا سودا تەشكىلاتىنىڭ ئۈنۈمدارلىقى ۋە نوپۇزلۇقلۇقىنى كۈچەيتىپ، ئەركىن سودىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، ئادىل رىقابەتلىشىشنى قوغداپ، تەرەققىي قىلىۋاتقان دۆلەتلەرنىڭ تەرەققىيات ھوقۇقى - مەنپەئىتى ۋە بوشلۇقىغا كاپالەتلىك قىلىش كېرەك. يەنە خەلقئارا پۇل مۇئامىلە سىستېمىسى ئىسلاھاتىدا ۋەزىيەتنىڭ قولدىن كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىپ، خەلقئارا پۇل فوندى تەشكىلاتىنىڭ 16 - نۆۋەتلىك نورمىنى تەكشۈرۈشنى قەرەلىدە تاماملاپ، ئالاھىدە پۇل ئېلىش ھوقۇقىنىڭ رولىنى كېڭەيتىپ، يەر شارىۋى پۇل مۇئامىلە بىخەتەرلىك تورىنى مۇستەھكەملەپ، تەرەققىي قىلىۋاتقان دۆلەتلەرنىڭ ۋەكىللىك خاراكتېرى ۋە سۆز قىلىش ھوقۇقىنى ئۆستۈرۈش كېرەك.

ئۈچىنچى، رەقەملىك ئىقتىسادقا تېخىمۇ ئەھمىيەت بېرىلدى. رەقەملىك ساھەنى ئىدارە قىلىش يەر شارىۋى ئىقتىساد ئىدارە قىلىشتىكى يېڭى ساھە بولۇپ، نۇرغۇن جەھەتتە بوشلۇق مەۋجۇت. رەئىس شى جىنپىڭ مۇنداق تەكىتلىدى: ھەرقايسى دۆلەتلەرنىڭ سانلىق مەلۇمات بىخەتەرلىكى، رەقەمدىكى ھاك، شەخسىي مەخپىيەتلىك، ئەخلاق - ئېتىكا قاتارلىق جەھەتلەرگە كۆڭۈل بۆلۈشى ئالدىدا، ئادەم مەركەز قىلىنغان، پاكىت ئاساس قىلىنغان سىياسەت يۆنىلىشىگە ئەمەل قىلىپ، يېڭىلىق يارىتىشقا ئىلھاملاندۇرۇپ، ئۆزئارا ئىشەنچ ئورنىتىپ، ئوچۇق، ئادىل، باراۋەر بولغان، كەمسىتىش بولمىغان تىجارەت - سودا مۇھىتى بەرپا قىلىپ، بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ بۇ جەھەتتە رەھبەرلىك رولىنى جارى قىلدۇرۇشنى قوللاش كېرەك. رەئىس شى جىنپىڭ ھەم ئېنىق قىلىپ مۇنداق كۆرسەتتى: جۇڭگو تەرەپ «يەر شارىۋى سانلىق مەلۇمات بىخەتەرلىكى تەشەببۇسى»نى ئاساس قىلىپ، ھەرقايسى تەرەپلەر بىلەن يەر شارىۋى رەقەملىك ئىدارە قىلىش قائىدىسىنى مۇھاكىمە قىلىپ ۋە تۈزۈپ، ئوچۇق ۋە سىغدۇرۇشچان شەكىلنى قوللاپ، سۈنئىي ئەقلىي ئىقتىدار ئارقىلىق سۆزلىشىشنى كۈچەيتىشنى چۆرىدەپ، قانۇندا بەلگىلەنگەن رەقەملىك پۇل ئۆلچىمى ۋە پىرىنسىپىنى مۇھاكىمە قىلىپ تۈزۈشنى خالايدۇ.

ۋاڭ يى مۇنۇلارنى بىلدۈردى: يۇقۇم يەر شارىۋى ئىقتىساد ئىدارە قىلىشنىڭ ئاچقۇچلۇق بۇرۇلۇش مەزگىلىگە كىرىشىگە تۈرتكە بولدى. رەئىس شى جىنپىڭنىڭ بۇ قېتىمقى يەر شارىۋى ئىقتىساد ئىدارە قىلىش توغرىسىدىكى مۇھىم بايانى يېقىنقى يىللاردىن بۇيانقى ئەڭ ئومۇمىيۈزلۈك بىر قېتىملىقى بولۇپ، ئىلگىرى 2016 - يىلى 20 دۆلەت گۇرۇھى خاڭجۇ باشلىقلار يىغىنىدا ئوتتۇرىغا قويغان يەر شارىۋى ئىقتىساد ئىدارە قىلىش قارىشى، 2017 - يىلى دۇنيا ئىقتىساد مۇنبىرىنىڭ يىللىق يىغىنى ۋە بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ جەنۋەدىكى باش ئىشتابىدا شەرھلىگەن ئىنسانىيەت تەقدىرى ئورتاق گەۋدىسى ئىدىيەسى بىلەن باشتىن - ئاخىر تومۇرداش بولدى ھەم خەلقئارا ۋەزىيەتنىڭ ئەڭ يېڭى تەرەققىياتىغا ئاساسەن دەۋر بىلەن تەڭ ئىلگىرىلىدى، بۇ، ھازىر ۋە كەلگۈسى بىر مەزگىلدىكى يەر شارىۋى ئىقتىساد ئىدارە قىلىش ئۆزگىرىشىدە مۇھىم يېتەكلەش رولىغا ئىگە.

**تۆتىنچى، يېڭىدىن گۈللىنىۋاتقان بازار ۋە تەرەققىي قىلىۋاتقان دۆلەتلەرنىڭ ئىتتىپاقلىقى، ھەمكارلىقىنى چوڭقۇرلاشتۇردى**

ۋاڭ يى مۇنداق دېدى: كىبسەك ئالتۇن دۆلەتلىرى يەر شارىۋى تەسىرگە ئىگە يېڭىدىن گۈللىنىۋاتقان بازار ۋە تەرەققىي قىلىۋاتقان دۆلەتلەرنىڭ ھەمكارلىق مېخانىزمى بولۇپ، خەلقئارا ئىشلاردىكى بىر ئاكتىپ، ئىجابىي كۈچ. كىبسەك ئالتۇن ھەمكارلىقى كەڭ تەرەققىي قىلىۋاتقان دۆلەتلەرنىڭ خەلقئارا تەرتىپنىڭ تېخىمۇ باراۋەر، مۇۋاپىق يۆنىلىشكە قاراپ تەرەققىي قىلىشىغا تۈرتكە بولۇش ساداسىنى گەۋدىلەندۈردى. ھازىر، يۇقۇمنىڭ تەسىرىگە ئۇچراپ، يېڭىدىن گۈللىنىۋاتقان بازار ۋە تەرەققىي قىلىۋاتقان دۆلەتلەر بىر پۈتۈن گەۋدە سۈپىتىدە، كۆپ يىللاردىن بۇيان كۆرۈلۈپ باقمىغان ئىقتىسادنىڭ چېكىنىشىگە دۇچ كېلىشى مۇمكىن. جۇڭگو دۇنيادىكى ئەڭ چوڭ تەرەققىي قىلىۋاتقان دۆلەت، بۇ يىل مۇسبەت ئېشىش ھالىتىنى ئىشقا ئاشۇرۇشتىن ئۈمىد بار ئاساسلىق ئىقتىسادىي گەۋدە بولۇش سۈپىتى بىلەن، ھەرقايسى تەرەپلەر جۇڭگونىڭ يېڭىدىن گۈللىنىۋاتقان بازار دۆلەتلىرى ۋە تەرەققىي قىلىۋاتقان دۆلەتلەر بىلەن بىرلىكتە ئىتتىپاقلىق، ھەمكارلىقنى كۈچەيتىپ، يۇقۇمنىڭ خىرىسىنى يېڭىپ، ئىقتىسادنىڭ ئەسلىگە كېلىپ تەرەققىي قىلىشىنى ئىشقا ئاشۇرۇشىنى ئارزۇ قىلىۋاتىدۇ.

شۇڭا رەئىس شى جىنپىڭ كىبسەك ئالتۇن دۆلەتلىرى رەھبەرلىرىنىڭ ئۇچرىشىشىدا مۇنۇلارنى ئېنىق كۆرسەتتى: كىبسەك ئالتۇن دۆلەتلىرى كۆپ تەرەپچىللىك بايرىقىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى يادرو قىلىنغان خەلقئارا سىستېمىنى قوغدىشى، يەككە تەرەپلىمىلىك جازالاش ۋە «ھوقۇق تەۋەلىكىدىن ھالقىپ باشقۇرۇش»قا قارشى تۇرۇشى كېرەك. ئىدېئولوگىيەدىن ھالقىپ، بىر - بىرىنىڭ ئۆز دۆلەت ئەھۋالىغا ئاساسەن تاللىغان جەمئىيەت تۈزۈمى، ئىقتىساد ئەندىزىسى ۋە تەرەققىيات يولىغا ھۆرمەت قىلىش كېرەك. تېخىمۇ باراۋەر، تەڭپۇڭ بولغان يەر شارىۋى تەرەققىيات ھەمراھلىق مۇناسىۋىتىنى بەرپا قىلىشقا تۈرتكە بولۇپ، خەلق تۇرمۇشىنى ئالدىنقى ئورۇنغا قويۇشتا چىڭ تۇرۇش كېرەك. بۇ تەشەببۇسلار بارلىق تەرەققىي قىلىۋاتقان دۆلەتلەرنىڭ خەلقئارا ئادىللىق، ھەققانىيلىقنى ئىلگىرى سۈرۈش، ئىمكانىيەتلىك سىجىل تەرەققىياتنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئورتاق ئارزۇ - تەلپىنى تولۇق ئەكس ئەتتۈرۈپ، جۇڭگونىڭ تەرەققىي قىلىۋاتقان دۆلەتلەر ئۈچۈن ئادالەتنى ياقىلاشتا چىڭ تۇرۇش، تەرەققىي قىلىۋاتقان دۆلەتلەرنىڭ ئورتاق مەنپەئىتىنى قوغداش قىممەت ئىنتىلىشىنى تولۇق نامايان قىلدى.

جۇڭگو ۋاكسىنا تەتقىق قىلىپ ئېچىش بويىچە خەلقئارا ھەمكارلىقنى پائال قانات يايدۇرۇپ، يېڭىدىن گۈللىنىۋاتقان بازارلار ۋە تەرەققىي قىلىۋاتقان دۆلەتلەرنىڭ تېزدىن يۇقۇمنى تىزگىنلەشكە تىرىشىپ ياردەم بېرىۋاتىدۇ. رەئىس شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: جۇڭگو كارخانىلىرى رۇسىيە، برازىلىيە قاتارلىق ھەمراھلىرى بىلەن ھەمكارلىشىپ ۋاكسىنىنىڭ 3 - قارارلىق كىلىنىكىلىق سىنىقىنى قانات يايدۇرۇۋاتىدۇ، يەنە جەنۇبىي ئافرىقا، ھىندىستان بىلەن ئالاقىدار ھەمكارلىقنى قانات يايدۇرۇشنى خالايدۇ. جۇڭگو تەرەپ ئېھتىياجى بار كىبسەك ئالتۇن دۆلەتلىرىنى ۋاكسىنا بىلەن تەمىنلەشنى پائال ئويلىشىدۇ. بۇ تەدبىرلەر ئېغىر، زور كىرىزىس ئالدىدا، جۇڭگونىڭ باشتىن - ئاخىر تەرەققىي قىلىۋاتقان دۆلەتلەر بىلەن ھەمنەپەس، تەقدىرداش بولۇپ، قول تۇتۇشۇپ ھەر خىل خەۋپ - خەتەر، خىرىسلارغا تاقابىل تۇرىدىغان ھەمراھلىق روھىنى يەنە بىر قېتىم جانلىق شەرھلەپ چۈشەندۈردى.

يۇقۇمنىڭ دۇنيا ئىقتىسادىغا ئېلىپ كەلگەن زەربىسىنى يېڭىش ئۈچۈن، كىبسەك ئالتۇن دۆلەتلىرى ئىقتىساد - سودا - مالىيە - پۇل مۇئامىلە، سىياسىي خەۋپسىزلىك، ئادىمىيەت ئالاقىسىدىن ئىبارەت «ئۈچ چاق ئارقىلىق قوزغىتىش» ھەمكارلىقىغا پائال تۈرتكە بولۇپ، ئەمەلىي ھەمكارلىشىشتەك ئىجابىي يۈزلىنىشنى ساقلاپ، تەرەققىي قىلىۋاتقان دۆلەتلەرنىڭ ئۆكتىسىزلىق ئىچىدىمۇ جاسارەت بىلەن ئالغا ئىلگىرىلەيدىغان ئىلگىرىلەش روھىنى نامايان قىلدى. رەئىس شى جىنپىڭ بۇنى يۇكسەك مۇئەييەنلەشتۈردى ھەم يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا بىر قاتار ئەمەلىي ھەمكارلىق تەشەببۇسلىرىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: ئىقتىساد - سودا ئەمەلىي ھەمكارلىقىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، كىبسەك ئالتۇن دۆلەتلىرىنىڭ يېڭى سانائەت ئىنقىلابى ھەمراھلىق مۇناسىۋىتى قۇرۇلۇشىنى پۈختا ئالغا سىلجىتىپ، «كىبسەك ئالتۇن دۆلەتلىرى ئىقتىسادىي ھەمراھلىق ئىستراتېگىيەسى 2025»نى ئەمەلىيلەشتۈرۈش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەپ، يېڭى تەرەققىيات بانكىسىنىڭ ئەزا كۆپەيتىش سۆھبىتىنى تېزلىتىش كېرەك. سىياسىي خەۋپسىزلىك ھەمكارلىقىنى كۈچەيتىپ، بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى قاتارلىق رامكىلار ئىچىدە مۇھىم، زور خەلقئارا مەسىلىلەردە ئالاقىنى ساقلاپ، كىبسەك ئالتۇن دۆلەتلىرىنىڭ ئىستراتېگىيەلىك ھەمكارلىق سەۋىيەسىنى ئۆستۈرۈش كېرەك. ئادىمىيەت ئالاقىسى ھەمكارلىقىنى كېڭەيتىپ، ئادىمىيەت ئالاقىسىنىڭ چوڭقۇرلۇقى، كەڭلىكى، ھارارىتىنى ئۆستۈرۈش كېرەك. رەئىس شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى جاكارلىدى: جۇڭگو تەرەپ فۇجيەن ئۆلكىسىنىڭ شيامېن شەھىرىدە كىبسەك ئالتۇن دۆلەتلىرىنىڭ يېڭى سانائەت ئىنقىلابى ھەمراھلىق مۇناسىۋىتىدە يېڭىلىق يارىتىش بازىسى قۇرىدۇ، سىن شەكلىدە كىبسەك ئالتۇن دۆلەتلىرىنىڭ دۆلەتنى ئىدارە قىلىش،

(ئاخىرى 4 - بەتتە)